دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى جەنۇبىي شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممە تەرەپكە چىقىرىلىشىغا كۈچ قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **ياڭ لىنىڭ** جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 66 تونىنا ياڭاق بېسىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى قەشقەر ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېغىلىپ تۈركىيەگە يولغا چىقىدىكەن.

66 تونىنا ياڭاقنىڭ ۋوگزالدىن چىقىرىلىشىنى كۆرۈپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى قاغىلىق شيۈ گوشۇ ئېلېكتىرونلۇق سودا تەمىنلەش زەنجىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى فېي شىڭخۇا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مالنى پارچە، تارقاق توشۇش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ، مال يېغىش ۋاقتىنى تېجەپ قالدى».

فېي شىڭخۇا مۇنداق دېدى: بۇ شىركەت سېتىۋالغان ياڭاقلار ئاساسلىقى قازاقىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە توشۇلىدۇ. تۆمۈريولدا پويىز ئالمىشىش، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش قېتىم سانى ئاز بولغاچقا، ياڭاقنىڭ قۇرۇق تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كۆكىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، مال سۇپېتىنى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، بىر يىلدىن بۇيان، بۇ شىركەت جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى ئارقىلىق 6076 تونىنا ياڭاقنى توشۇدى.

جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى قەشقەر يۈك توشۇش مەركىزى كونتېينېرلارنى تەڭشەپ ئاجرىتىش قاتارلىق توشۇش كۈچى، توشۇش ئىقتىدارى جەھەتتە ماييىللىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سېتىش خادىملىرىنى توشۇش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىرانسپورتنى تەشكىللەش تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

«جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى ھەر ھەپتىدە مۇقىم نۆۋەت بىلەن قاتناش ۋە يول بويى تارقاق ۋاگونلارنى چېتىش شەكلىنى قوللىنىپ، مال يېغىشنى كۈتۈش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، تىرانسپورت ۋاقىت ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بىز داۋاملىق تېخىمۇ دەل جايىدا بولغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، خېرىدارلارنىڭ تىرانسپورت ئېھتىياجىنى قاندۇرىمىز» دېدى قەشقەر يۈك توشۇش مەركىزى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لۇ جۈن.

جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى يۈك توشۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇلتۇر، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچۈن يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى بېكىتىپ ۋە قاتنىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە قەدەر، جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىپ توپلاش - يېغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىغىنىغا بىر يىل بولدى، توشۇلغان مەھسۇلاتلار ياڭاق، ئۆرۈك مۇراببالىسى، مېۋە شەربىتىدىن كىيىم - كېچەك، توك چەينەك، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىق 20 نەچچە تۈرگە تەرەققىي قىلىپ، توققۇز دۆلەتتىكى 17 شەھەرگە توشۇلدى، جەمئىي 40 مىڭ 300 تونىنا يۈك بۇ نۆۋەتچى پويىزغا بېسىلىپ دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقتى.



سودا ساراي - تاللا بازارلىرى خېرىدارلارنى كۈتۈۋالدى

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ياشلار يولىدىكى «خاۋ جياشياڭ» تاللا بازىرىدا مېۋە - چېۋە سېتىۋالماقتا، شۇ كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى چوڭ سودا ساراي - تاللا بازارلىرى ئارقا - ئارقىدىن تىجارەت باشلىدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

# شىنجاڭ ئىچىدىكى تارماق لىنىيە ئايرودرۇملىرىدىن ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلار ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى تارماق لىنىيە ئايرودرۇملىرىدىن ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلار ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

بۈگۈندىن باشلاپ، جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئۈرۈمچىدىن پۈتۈن شىنجاڭغا قاتنايدىغان ئۇچۇش نۇقتىسى 13كە يەتتى، بۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئالتاي، غۇلجا، يەكەن، تۇمشۇق قاتارلىقلارنى قاپلىدى، نۆۋەتتە ئەسلىگە كەلتۈرگەن شىنجاڭ ئىچىدىكى رايونلاردا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىنىڭ 60%گە يەتتى. مۆلچەرلىنىشچە، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرلىرىغا بارغاندا، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇشىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىدىكەن، شۇ چاغدا جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇچۇش نۇقتىسى 43كە يېتىدىكەن.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، كورلا ئايرودرۇمى، چەرچەن ئايرودرۇمى ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يولۇچىلارنى سەپەرگە چىقىش قولايلىقى بىلەن تەمىنلىدى. ئۈرۈمچى - كورلا - چەرچەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، نۆۋەتچى ئايروپىلان ھەر كۈنى بىر نۆۋەت ئۇچىدۇ. غۇلجا ئايرودرۇمى ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ، كۇچا، قارامايغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلاپ، خۇاشيا ئاۋىياتسىيەسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ، ئاقسۇ - كۇچا، ئاقسۇ - شىخەنزە، ئالتاي - كورلا، كورلا - ئاقسۇ - غۇلجا، كورلا - كۇچا - غۇلجا، كورلا - شىخەنزە، كورلا - چەرچەن، كورلا - چاقىلىق، كورلا - چاقىلىق - چەرچەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ، تيەنجىن ئاۋىياتسىيەسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈرۈمچىدىن چۆچەك، بورتالا، ئالتاي، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.

# ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، بار كۈچ بىلەن غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا تىرىشماقتا.

«ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى ۋە قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ياردىمىدە، كارخانىنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدۇق. بىز قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت نىشانلىرىنى تاماملاشقا تىرىشۋاتىمىز.» شىنجاڭ پارلاق گىلەم سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شا تىڭ مۇنداق دېدى: شىركەت يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، 10 - ئايدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. «بۇ يىل بىزنىڭ 100 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ئىشەنچىمىز بار، 18 مىليون يۈەن سېتىش كىرىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۆلچەرلەنمەكتە» دېدى شا تىڭ.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ فۇكې نېفت مەھسۇلاتلىرى پاي چەكلىك شىركىتى پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ يىغىش ئۈرچۈقىنى سىلىقلاش مېيىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پاختا يىغىش پەسلى ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا. بۇ شىركەت سىلىقلاش مېيى، سىلىقلاش يېغى، سانائەت ئالاھىدە مېيى قاتارلىق 20 نەچچە خىل تۈردىكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ ھەم دۆلەت ئىچىدىكى سىلىقلاش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىزچىل تېخنىكا جەھەتتە ئالدىنقى قاتارنى ساقلاپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە بۇ شىركەت سانجى، ئاقسۇ، قەشقەر، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى خېرىدارلارنىڭ زاكازلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

قومۇل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدا، شىنجاڭ شېڭئاۋ قۇرۇلۇش گۇرۇھى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ سانائەت باغچە رايونىدىكى كۆمۈر خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ئېھتىياجلىق رەڭلىك تاختا ۋە تاشپاختا تاختىسىنى جىددىي ئىشلەپچىقارماقتا. بۇ كارخانا نۆۋەتتە يىلىغا 300 مىڭ كۋادرات مېتىر رەڭلىك تاختا، تاشپاختا تاختىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى، يان ئۆي ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ۋە پولات قۇرۇلمىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قۇردى. بۇ گۇرۇھنىڭ باش مۇدىرى چياۋ لېيەنشېڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل رەڭلىك تاختا ۋە تاشپاختا تاختىسىدىن 100 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئىشەنچىمىز بار.

7 - ئايدىن بۇيان، جىڭ ناھىيەسى 30 كادىرنى كارخانىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، «بىر كارخانىغا بىر تەدبىر قوللىنىش»تەك ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى قوللىنىپ، 30 كارخانىنىڭ بار كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشىغا كۈچ قوشتى. كارخانىدا تۇرۇشلۇق كادىرلار كارخانىلار ئۈچۈن تۇرمۇش ئەشيالىرى، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىنى سېتىۋېلىش، توشۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 200 تۈردىن ئارتۇق كاپالەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى پائال ماسلاشتۇردى. شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، جىڭ ناھىيەسىدىكى ۋېيلاڭ سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، مەھسۇلاتلارنى توشۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلدى ھەم ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ۋە توك پۇلى تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ شىركەتنىڭ ئىچكى سېتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ خۇڭجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كارخانا ئىچكىرى رايونلاردىن نۇرغۇن زاكاز تاپشۇرۇۋالدى، 6000 يۈرۈشتىن ئارتۇق مەكتەپ فورمىسى پىششىقلاپ ئىشلىنىپ يېرىم تەييار مەھسۇلات ھالىتىگە كەلدى، يەنە 30 مىڭ زاكاز يوپكا تىكىلىۋاتىدۇ، كارخانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئىشەنچىسى بار.

بايىنغولىن ئوبلاستى:

# 100 مۇھىم، زور تۈردە مەركەزلىك ئىش باشلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر ۋە كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى ئومۇمىي سېلىنمىسى 13 مىليارد يۈەن بولغان 100 مۇھىم، زور يېڭىدىن ئىش باشلاش تۈرىدە مەركەزلىك ئىش باشلاندى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ساياھەتچىلەر يىغىلىش - تارقىلىش مەركىزى تۈرى بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

بۇ قېتىم مەركەزلىك ئىش باشلانغان تۈرلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش، ئېنېرگىيە - قاتناش، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، مەدەنىيەت - ساياھەت قاتارلىق ساھەلەرنى قاپلىدى. ئىگىلىنىشچە، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم ئومۇمىي سېلىنمىسى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىدا مۇھىم، زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە تارتىش كۈچىگە ئىگە تۈرلەردە ئىش باشلىنىدىكەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇھىم، زور تۈرلەردە مەركەزلىك ئىش باشلاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ تاماملايدۇ. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە تۈرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 70%كە يېتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 806، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 231 بولۇپ، جەمئىي 1037.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسەسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۇرلۇك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)